السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىپىدە شام بىلەن خۇپتەننى جۇغلاپ ھەر بىرىگە بىردىن تەكبىر ئېيتىپ ئوقۇدى، شام بىلەن خۇپتەنىنىڭ ئارىلىقىدا ياكى كەينىدىن نەپلە ئوقۇمىدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىپىدە شام بىلەن خۇپتەننى جۇغلاپ ھەر بىرىگە بىردىن تەكبىر ئېيتىپ ئوقۇدى، شام بىلەن خۇپتەنىنىڭ ئارىلىقىدا ياكى كەينىدىن نەپلە ئوقۇمىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەرەپات كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوياش ئولتۇرغاندا شام نامازنى ئوقۇماستىن مۇزدەلىپەگە قاراپ يولغا چىقتى، شام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئۇ يەردە كىچىكتۈرۈپ جۇغلاپ ئوقۇدى. ئىككى نامازنىڭ ئارىسنى جۇغلىدى دېگەن مەنانى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئارىلىقىدا ۋە ياكى كەينىدىن سۈننەت، نەپلە ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن كېيىنكى ھەج پائالىيەتلىرىگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بىر ئاز ئارام ئالدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/7187

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee